# 21810 - مالنىڭ زاكىتىنى ئاكا-ئۇكا، ھەدە-سىڭىل، ھامما-تاغىلارغا بېرىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

## سوئال

بىر كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ زاكىتىنى ئائىلىلىك، ئايلىق كىرىمى ئائىلىسىگە يەتمەيدىغان بىر تۇغقان قېرىندىشىغا بەرسە بولامدۇ؟، شۇنىڭدەك كەمبەغەل تاغىسىغا بەرسىمۇ بولامدۇ؟، ئايال كىشىمۇ ئۆزىنىڭ زاكىتىنى بىر تۇغقان قېرىندىشى، ھەمشىرىسى ياكى ھاممىسى ۋە تاغىسىغا بەرسە توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىزمۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، بارلىق ساھابىلىرى ۋە قىيامەتكىچە توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

قۇرئان-ھەدىستىكى ئومۇمى دەلىللەر بويىچە، ئەر كىشى ياكى ئايال كىشى ئۆزىنىڭ زاكىتىنى كەمبەغەل ئاكا-ئۇكىلىرى، ھامما-تاغىلىرى ۋە باشقا ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا بەرسە بولىدۇ، بەلكى ئۇلارغا بېرىش ئۇرۇق-تۇغقانچىلىقنى ئۇلاش ھېسابلىنىدۇ. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«كەمبەغەلگە قىلىنغان سەدىقە سەدىقە بولسا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا قىلىنغان سەدىقە ھەم سەدىقە ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىقنى ئۇلاش ھېسابلىنىدۇ»**.[ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى 15794-ھەدىس. نسائى رىۋايىتى 2582-ھەدىس].

ئەمما زاكاتنى ئاتا-ئاتا ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى يەنى چوڭ ئانا-چوڭ دادا قاتارلىقلارغا، تۆۋەن تەرەپتىن ئوغۇل-قىز پەرزەنتلىرى، ئۇلارنىڭ بالىلىرى يەنى نەۋرە-چەۋرىلىرىگە بېرىشكە بولمايدۇ، ئۇلار گەرچە كەمبەغەل، مىسكىن بولسىمۇ ئۇلارغا زاكات ماللىرىدىن بېرىش توغرا بولمايدۇ، بەلكى ئۆزىدىن باشقا ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان كىشى بولمىسا، كۈچىنىڭ يېتىشىچە خىراجەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش كېرەك بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.